ئابدۇراھمان توختىنىڭ بالىلار لاگېرىغا تۇتۇلغان بالىلىرى ۋە لاگېر ھەم تۈرمىلەرگە سولانغان ئائىلە ئەزالىرى

# UTFW2-028 - Abdurrahman Tokhti

1. ئەسسالامۇ - ئەلەيكۇم، مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇراھمان توختى. مەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى بەشتۆگمەن يېزىسىدىن. مەن شۇ يېزىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز مەكتەپتە ئوقۇپ پۈتتۈردۈم. 2005- يىلى تولۇقسىز مەكتەپنى پۈتتۈردۈم. ئۇنىڭدىن كېيىن، 2006- يىلى شۇ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىدا قۇرئان ساۋادىمنى چىقاردىم. قۇرئان ساۋادىمنى چىقىرىپ 2009- يىلىغا قەدەر شۇ مەھەللىدە تۇردۇم. 2009- يىلىنىڭ بېشىدا مەن ئۈرۈمچىگە باردىم. ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇ يەردىمۇ دىنىي ئوقۇش ئوقۇدۇم. ئايىقىنى تامام قىلدىم. داۋام قىلىپ 2009- يىلى 7- ئاينىڭ 5 ۋەقەسى، (5- ئىيون ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى) يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاقسۇغا قايتىپ كەتتىم. ئاقسۇغا قايتىپ كېتىپ، ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، 2010- يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم.
2. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوقۇشۇمنىڭ ئايىقىنى داۋام قىلىش ئۈچۈن شۇ يەردە ئوقۇۋاتسام، بىزنىڭ مەھەللىنىڭ پەيچۇسۇنىڭ سوجىڭى ئەمىر سوجاڭ دېگەن كىشى مېنى دىنىي ئوقۇش ئوقۇيدىكەن دېگەن سەۋەپ بىلەن ئىز-دىرىكىمنى قىلىپ كەپتۇ. كەلگەندىن كېيىن مەن ئۇ يەردىن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە قېچىپ كەتتىم. قېچىپ كېتىپ خېنەندە، شىئەندە بىر يىل تۇردۇم. مەن بىر يىل تۇرۇش جەريانىدا دادام مېنىڭ ئىشىمنى تۈگىتىۋېتىش ئۈچۈن ئاقسۇ شەھەرلىك گوباۋ دادۈينىڭ دادۈيجېڭى ئابلا دادۈيجاڭ دېگەن كىشىگە 80 مىڭ يۈەن پۇلنى بېرىپتۇ. بەرگەندىن كېيىن ئابلا دادۈيجاڭ دېگەن كىشى «سەن قايتىپ كەلگىن، مەن سېنىڭ ئىشىڭنى ھەل قىلىمەن ئۇكام» دېگەندىن كېيىن ئاقسۇغا يېنىپ كەلدىم.
3. كەلگەندىن كېيىن بىر-ئىككى يىل ئاقسۇدا تۇردۇم. ئاقسۇدا تۇرۇپ 2013- يىلى 3- ئايدا پاسپورتۇم چىقتى. پاسپورتۇم چىققاندىن كېيىن، مەن شۇ زامانلا مىسىر ۋىزىسىغا پاسپورتۇمنى بەردىم. ۋىزام چىققاندىن كېيىن، 2013- يىلى 3- ئاينىڭ 23- كۈنى مەن ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭ، بېيجىڭدىن مىسىرغا كەتتىم. 2013 - يىلى 3- ئاينىڭ 24- كۈنى مىسىرغا چۈشتۈم. بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، 2013- يىلى 10- ئاينىڭ 4- كۈنى تۈركىيەگە يېنىپ كەلدىم. تۈركىيەگە يېنىپ كېلىپ، بىر مەزگىل تىل تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن، 2014- يىلى 2- ئاينىڭ 16- كۈنى ئايالىم فەرىدە ياسىن بىلەن تويۇمنى قىلدىم. تويۇمنى قىلغاندىن كېيىن، 2014- يىلى 12- ئاينىڭ 21- كۈنى ئوغلۇم ئابدۇلئەزىز تۈركىيەنىڭ يېڭى ئۇيۇق دوختۇرخانىسىدا تۇغۇلدى. تۇغۇلغاندىن كېيىن، بىز يەنە تۇرمۇشىمىزنى داۋام قىلدۇق.
4. 2016- يىلى 1-ئاينىڭ 27- كۈنى «ئىقامىتىڭنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دېگەن سەۋەپ بىلەن مېنى تۈركىيە ھۆكۈمىتى گېرى گۆندەرمە مەركىزىگە سولاپ قويىدى- قۇمكاپىدىكى. شۇ جەريانىدا ئۈچ ئاي تۇردۇم. ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن قويۇپ بەردى. 2016- يىلى 3- ئايدا ئىستانبۇل فاتىھ دوختۇرخانىسىدا قىزىم نادىرە تۇغۇلدى. قىزىم تۇغۇلغاندا يېنىدا بولالمىدىم. مەن گېرى گۆندەرمە مەركىزىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، يەنە ئىشىمنى داۋام قىلىپ، ماشىنا ئېلىپ-سېتىش، كىرا قىلىش بىلەن جېنىمنى جان قىلىپ كېتىۋەردىم. شۇ جەريانىدا قېيىنئانام كەلدى. ئايالىمنىڭ ئانىسى كېلىپ «بالام، بالىلار كىچىك مەن بالىلارنى ۋەتەنگە ئاپىرىپ بىر مەزگىل بېقىپ ئازراق چوڭ قىلىپ ئەۋەتەي» دېگەن باھانە بىلەن 2016- يىلى 8- ئايدا ئايالىمنى ئېلىپ كەتتى. ئايالىم ۋە ئىككى

بالام كەتكەندىن كېيىن، 2016- يىلى 8-ئايدا ئايالىم ئايرودرومغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا تۇتۇپ ئۈچ كۈن سولاپ قويۇۋېتىپتۇ.

5. ئۇنىڭدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يەنە تۇتۇپ سولاپ، سوراق قىلىپ بەك ئېغىر ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، داداملار ئىككى - ئۈچ يۈز مىڭ كويدەك پۇل خەجلەپ ئايالىمنى كېپىللىككە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئايالىم بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن، 2017- يىلى 1- ئاي مەزگىلىدە ئايالىمنى تۇتۇپ سولاپ 10 يىللىق كېسىۋېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن يەنە دادام - ئاپام، قېيىنئاتا- قېيىنئاپىلىرىم ۋە باشقا ئۇرۇق- تۇغقانلىرىم بولغاندىن كېيىن دەپ سەبىر قىلىپ تۇردۇم. 2019- يىلى 1- ئاينىڭ 4- كۈنى كېچە سائەت 3 بىلەن ئوغلۇمنىڭ خىتاينىڭ دوۋين دېگەن ئېپىدە، بىر بالىلار كامپىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن توختىماي گۇۋاھلىق بېرىشكە باشلىدىم

6. ئەنگلىيە ب ب س غا گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، 2019- يىلى 6- ئاي مەزگىلىدە ماڭا خىتاينىڭ ئىستانبۇل كونسۇلىدىن تەھدىت كەلدى. «ئۆزەڭنى تۇتۇۋال، ئۇنداق قىلمىغىن، گۇۋاھلىق بەرمىگىن» دېگەندىن كېيىن مەن «بېرىمەن» دېدىم. كېيىن بىر تەھدىتتە «ماشىنا سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن» ئۇ-بۇ دېگەندەك تەھدىتلەرنى ئىشلەتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا ھېچ پىسەنت قىلمىدىم. «قولۇڭدىن كەلگەننى قىل» دېدىم. مەن يەنە داۋام قىلدىم.

7. 2020- يىلى 3- ئايدا پۈتۈن ئائىلەمنىڭ - دادام-ئاپام، ئىككى ئاكام، ئىككى سىڭلىم، دادامنىڭ ئىسمى توختى ئەمەت 68 ياشتا، ئاپام ئاينۇرخان قاسىم 58 ياشتا، ئاكام ئەمەتجان توختى 37 ياشتا، ئاكام مەمەتجان توختى 35 ياشتا ۋە ئايگۈل دېگەن سىڭلىم 29 ياشتا ۋە ئارزىگۈل دېگەن سىڭلىم 26 ياشتا - پۈتۈن ئائىلەمنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئالدىم ۋە ئايالىم، ئىككى بالام، بىر تەرەپكە قارىسام دادام-ئاپام يەنە بىر تەرەپكە قارىسام ئاكام ۋە سىڭىللىرىم، يەنە بىر تەرەپكە قارىسام ئائىلەم. پۈتۈن ئائىلەمنى خىتاينىڭ گۆرۆگە ئېلىۋالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ۋە قايسى تۈرمىدە، نېمە سەۋەپتىن تۇتتى، نەچچىلىك كەستى ئۇنىڭدىن ھازىرغىچە قەدەر ھېچ خەۋەر ئالالمىدىم.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشىر قىلىنىنغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**